### شى جىنپىڭ قىرغىزىستان تاراتقۇلىرىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلدى

# جۇڭگو ـ قىرغىزىستان دوستلۇق دەرىخىنىڭ بۈك ـ باراقسان ئۆسۈشىنى، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ياشناپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھازىر، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان مۇناسىۋىتىدە ھەل قىلىنماي تۇرۇپ قالغان ھېچقانداق مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا قەتئىي قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزىستان خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆز تەرەققىيات يولىنى تاللىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن قوللانغان تۈرلۈك سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى قەتئىي قوللايدۇ. قىرغىزىستان تەرەپمۇ تەيۋەن، شىنجاڭغا چېتىشلىق، «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەردە جۇڭگو تەرەپنى ئىزچىل قەتئىي قوللىدى ۋە كۈچلۈك ماسلىشىۋاتىدۇ.

ـــ جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستاننىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. قىرغىزىستان «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئەڭ بۇرۇن قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى، ئىككى تەرەپ ئىقتىساد ـ سودا، ئېنېرگىيە، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە بىر تۈركۈم مۇھىم ھەمكارلىق نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى. جۇڭگو قىرغىزىستاننىڭ 1 ـ چوڭ سودا ھەمراھى دۆلىتى ۋە مەبلەغ سېلىش مەنبەسى دۆلىتىگە ئايلاندى. 2018 ـ يىلى، جۇڭگو ـ قىرغىزىستاننىڭ ئىككى تەرەپلىك سودا سوممىسى 5 مىليارد 600 مىليون دوللاردىن ئېشىپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان دەسلەپكى مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 150 ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزىستانغا جەمئىي 3 مىليارد دوللارغا يېقىن مەبلەغ سالدى. ئىككى تەرەپ ئورتاق يولغا قويغان داتكا ـ كېمىن توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى قىرغىزىستاننىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ تارقىلىشى تەكشى بولماسلىق، توك يەتكۈزۈش راۋان بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەردى، ئوش شەھەرلىك دوختۇرخانا يەرلىكتىكى ئاممىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بويىچە ئەڭ ئەلا داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستان تاشيولى ئېگىز تاغلاردىن ھالقىغان، راۋان، توسالغۇسىز خەلقئارا ترانسپورت چوڭ تومۇرىغا ئايلاندى. قىرغىزىستان جۇڭگوغا ئېكسپورت قىلىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى، ھەسەل، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق يېشىل، سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جۇڭگودىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ تاماق ئۈستىلىگە چىقتى. قىرغىزىستان پۇقرالىرى توردا مال سېتىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئېلېكترونلۇق سودا ئۇلارنى پۈتۈنلەي يېڭىچە ئىستېمال تەسىراتى بىلەن تەمىن ئەتتى.

ـــ جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستاننىڭ ئادەمىيەت ئالاقىسى تېخىمۇ جانلاندى. 2018 ـ يىلى، ئىككى دۆلەت خادىملىرىنىڭ بېرىش ـ كېلىشى 70 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، قىرغىزىستاندىن جۇڭگوغا كېلىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 4600دىن ئاشتى. قىرغىزىستاندا كۇڭزى شۆيۈەندىن تۆتى، كۇڭزى دەرسخانىسىدىن 21ى تەسىس قىلىندى، جۇڭگو تەرەپ ياردەم بېرىپ قۇرغان بىشكەكتىكى 95 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ يەرلىكتىكى ئەڭ ئالقىشقا سازاۋەر مەكتەپكە ئايلاندى. جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ئىككى دۆلەت بىرلىكتە قىرغىزىستانلىق داڭلىق يازغۇچى ئايتماتوۋ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن يۈرۈشلۈك پائالىيەتكە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئىنكاسى قىزغىن بولدى. زۇڭتۇڭ ژېنبېكوۋنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو مەركىزىي ئوپېرا تىياتىر ئۆمىكى قىرغىزىستانغا بېرىپ جۇڭگو تىلىدىكى «ماناس» ئوپېراسىنى ئورۇنلايدۇ. ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئورتاق ئىگە بولغان بۇ مەدەنىيەت ئەگگۈشتەرى يەنە بىر قېتىم پارلاق نۇر چېچىپ، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ دەۋر كۈچلۈك ساداسىنى ياڭرىتىدۇ.

قىرغىزىستاندا «قېرىنداشلىق رىشتى ھەممە بايلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن ماقال بار. جۇڭگولۇقلارمۇ دائىم «قېرىنداشلار قەلبداش بولسا، پايدا ـ مەنپەئەت قوغلاشماس» دەيدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا دۇچ كېلىۋاتقان 100 يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە جۇڭگو ـ قىرغىزىستاننىڭ قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ سىجىل، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى تارىخ بىزگە يۈكلىگەن مەسئۇلىيەت. مەن بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق زۇڭتۇڭ ژېنبېكوۋ بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە يېتەكلەشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىز قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ئۆزئارا ئىشىنىشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت، پارلامېنت، سىياسىي پارتىيە، يەرلىكتىكى ھەرقايسى قاتلام دەرىجىلىكلەرنىڭ ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق ئىگىلىك ھوقۇق، خەۋپسىزلىك، زېمىن پۈتۈنلۈكى قاتارلىق بىر ـ بىرىمىزنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا قەتئىي قوللاپ، داۋالغۇپ تۇرغان خەلقئارا ۋەزىيەتتە قول تۇتۇشۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق ئىستراتېگىيەلىك خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئىككى دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشنى خالايمىز.

بىز قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىنىڭ نەتىجىسىنى ئورتاق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سودا، مەبلەغ سېلىشنى قولايلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايمىز. بىز قىرغىزىستان كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە داۋاملىق ئاكتىپ قاتنىشىشىنى قارشى ئالىمىز، قىرغىزىستاننىڭ تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى خالايمىز. بىزمۇ قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا داۋاملىق چامىمىزنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىمىز ۋە قوللايمىز.

بىز قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلاشقان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان خەۋپسىزلىك قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە، زەھەر ئەتكەسچىلىككە، دۆلەت ھالقىغان تەشكىللىك جىنايەتلەرگە بىرلىكتە زەربە بېرىپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، رايوننىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان خەۋپسىزلىك مۇھىتىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى خالايمىز.

بىز قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن ئادەمىيەت ئالاقىسىنى كېڭەيتىشنى خالايمىز. دوستلار ئىزدەشكەنسېرى يېقىنلىشىدۇ، قوشنىلار ئىزدەشكەنسېرى تۇغقاندەك بولۇپ كېتىدۇ. ئىككى تەرەپ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، ياشلار، تاراتقۇ، بىرلىشىپ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشى، ھېسسىياتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

بىز قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن خەلقئارا ھەمكارلىقنى قويۇقلاشتۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك رامكىلار ئىچىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئورتاق قوغداپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوللاپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تىپتىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايمىز.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغان 18 يىلدىن بۇيان، ئەزا دۆلەتلەر ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، باراۋەر بولۇش، كېڭىشىش، كۆپ خىل مەدەنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئورتاق تەرەققىياتنى كۆزلەشتەك «شاڭخەي روھى»دا چىڭ تۇرۇپ، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ۋە «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستانە ھەمكارلىق شەرتنامىسى»دا بېكىتىلگەن ئاساسىي مەقسەت ۋە پرىنسىپقا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي بولغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئۈلگىسىنى تىكلەپ، رايوننىڭ مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم رول ئوينىدى.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك، ئىقتىساد، ئادەمىيەت، تاشقى ئالاقە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىققا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق زەربە بېرىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە رايون ھەمكارلىقى تەشەببۇسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سودا، مەبلەغ سېلىش، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئېنېرگىيە، يېڭىلىق يارىتىش، ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كۆزەتكۈچى دۆلەت، سۆزلىشىش ھەمراھى ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق بولغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا كۈچ چىقاردى.

قىرغىزىستان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى بولغاندىن بۇيان، بۇ تەشكىلاتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئۈنۈملۈك ۋە نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدە، بىشكەك باشلىقلار يىغىنىنىڭ مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، رايوندىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بىز پەقەت ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلا بولساق، جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستاننىڭ دوستلۇق ئىشلىرى مۇقەررەر ھالدا تيانشاندا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارلىق تاغ شەمشادلىرىغا ئوخشاش بۈك ـ باراقسان ئۆسۈپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ياشناپ تۇرىدۇ.

### ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئاچتى

# باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ شيا، لى لىن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى يىغىن ئېچىپ، مەركەزنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ مۇنداق تەلەپ قىلدى: خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىش، ئۆلچەمگە توغرىلىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن جەريانغا سىڭدۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي ئىشلار، ياخشى ئىشلارنى تەشكىللەپ ياخشى يولغا قويۇپ، ھەققىي تۈردە خىزمەتنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا، ئىنتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە نامايان قىلىپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: قەتئىي تەۋرەنمەي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش، چۈشىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي بولۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئىدىيەۋى ـ سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشنى باشتىن ـ ئاخىر ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قاتارلىق مۇھىم، زور پرىنسىپال مەسىلىلەردە بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇپ، تونۇشتا بىردەك، پوزىتسىيەدە قەتئىي بولۇش كېرەك. ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، توغرا سىياسىي نەتىجە قارىشى تۇرغۇزۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى ۋە قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش روھىنى ساقلاپ، مائارىپ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىغا دائىر تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، ئۈنۈمى كۆرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مائارىپ ساھەسىدىكى ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش مەسىلىلىرىنى سىجىل تۈزەپ، مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىيات نەتىجىلىرىنىڭ ھەر مىللەت ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پاك ـ دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇش كېرەك، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار باش تېما تەربىيەسىنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىللىك سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ ياخشى تەشكىللىشى، ئەتراپلىق، ياخشى يولغا قويۇشى، باش تېما تەربىيەسى ئارقىلىق، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىغا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، «تۈزىتىش»نى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال تۈزىتىش، بىلگەن ھامان تېز تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھازىر تۈزەتكىلى بولىدىغانلىرىغا قارىتا قەرەللىك ۋە تەلەپنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ۋاقتى ـ قەرەلىدە جايىدا تۈزىتىش كېرەك؛ ۋاقتىنچە ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىرىنى چىڭ كۆزلەپ قويۇپ بەرمەي تۇتۇش، باسقۇچلۇق نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، سىجىل تۈزىتىش، كونكرېت مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ياخشى تۈزىتىش، كونكرېت خىزمەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەققىي كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، رەھبەرلەر باشلامچى بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى كەسپىي خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتىكى كۈچلۈك تۇتقا قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1955 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1960 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ تۈەنى 4 ـ لىيەندە پەيجاڭ بولغان، 1964 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ ئىلى شۆبە ھەربىي رايونى سىلىگبۇسى مەشىق بۆلۈمىنىڭ سەنمۇسى بولغان، 1970 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ تۈەنى 1 ـ يىڭىنىڭ مۇئاۋىن يىڭجاڭى بولغان، 1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان، 1981 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى شۆۋبېي 2 ـ شىسىنىڭ سەنمۇجاڭى بولغان، 1983 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى شۆۋبېي 2 ـ شىسىنىڭ شىجاڭى بولغان، 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىنجاڭ ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى بولغان، 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى بولغان، شاۋجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن سىلىڭيۈەن بولغان، 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، 2004 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پېنسىيەگە چىققان.

يولداش ۋاڭ خەنرۇ سىياسىيدا قەتئىي بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىغان. ئۇ بىر ئۆمۈر ھەربىيلىك ھاياتىدا چېگرا رايوننى قوغدىغان، قەتئىي ھالدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغدىغان، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان. ئالتۇنتاغدا باندىتلارنى يوقىتىش ۋەزىپىسىگە قاتناشقان، ئۇ يېتەكلىگەن پەي «باندىتلارنى يوقىتىشتىكى ئۈلگىلىك پەي» دەپ باھالانغان. ئىككى شى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ ھەربىي مەسئۇل باشلىقلىقىنى ئون يىلغا يېقىن ئۆستەگە ئالغان، قىسىم باشقۇرۇش تەجرىبىسى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىك ئىقتىدارى كۈچلۈك، ھەربىي ئىشلار نەزەرىيە بىلىمى ۋە يېزىق سەۋىيەسى يۇقىرى، تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىپ، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قىسىم ئىستىلى ۋە جەڭگىۋارلىق قۇرۇلۇشىنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتكەن. بىڭتۈەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن سىلىڭيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان مەزگىلدە، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرغان، باشلامچى بولۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە ياراتقان. رەھبەرلىك خىزمەت ئورنىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن، ئىزچىللاشتۇرغان، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتقا دائىر تۈرلۈك ئىشلىرىغا ئاۋۋالقىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چۆرىدەپ پائال چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشقان.